ئول بو گەپنی ایشیتەر ایکەن بارلق، یوقلق ـ اش قیلب ئەلله قانداغ قیزق بر حالەت کیچردی. اسىغ بر نەرسه بەدەنیگه تیگب کیتکەندیك هورکینب قویدی وە "نیهایەت، ایندیمی؟" دیگەندیك قیلب ئینتکدی، کوز اونگیدەن بر ەونڭ سورەتی اوتب سەرخوشلەندی، وە تل بیلەن آڭلاتب بولماساق بر ساغینش چیدەمسزلیگی ایچیده بو ئیور ـ جیور حالەتدەن گەنگب کوز آچدی. کوز آچدی، براق اوزیگه "نیمه دییسەن؟" دیب قاراب تورغوچی آتاسیغا مووافق بر جاواب بیرشنی بلمەدی. یوسف بیك حاجی ایسه اوغلینڭ بو سوست لككه اوخشاب کورنگەن حالینی یامانغا یویدی. مەرغیلان دیگەن شەهەر دەن کەتته اوزینی کیچك آلب قیزی ایله کیله یاتقان میرزا کەریم ئەکه گە اوغلی نڭ خورلق کیلتیریشیدەن چوچیدی. شونگه بینائەن آتابیکنی ایپاقاغا آلش اوچون اونگه کولکی تویلگەن بر قانچا نەسیحەتلەرنی چزدی:

ــ اوغلم! ـ دیدی، ـ سیيلاغاننی سیيلاش کیره‌ك؛ ایندی سینگه قه‌درسزلانغان بولسالار ئه‌مما بزنك قاشیمزدا اوله‌رنك قه‌درو قیمه‌تله‌ری یوقاری: قوتیدار بولسا کوز آچب کورگه‌ن قودامز، خاتونك بولسا باش کیلینیمز! ئه‌گه‌ر سین مینی آتام دیدرگه‌ن بولساك شوله‌رنك کوڭلینی آلماقڠا تیرش! قاین آتاڭدان مینی قوولادی، دیب کوڭلك آلنماسن؛ چونکی او بیچاره هه‌م بر شه‌یتاننك وه‌سوه‌سه‌سی بیله‌ن بو خه‌تاگه توشکه‌ن. هه‌ر حالده حورمه‌تله‌رینی به‌جاکیلتر، مه‌رغیلان دیگه‌ن شه‌هه‌رده‌ن سینك یوزڭنی، دیب کیله‌درله‌ر..

آتاسی‌نك بو سوزله‌ری اونك استقبالی اوچون یاخشی ته‌ئمیناتله‌ر بیره‌ر، گویا مه‌جبوریه‌ت آستیدا آتا نه‌سیحه‌تینی قولاقغا آلادرغاندیك بوین ایگب اولتیره‌ر ایدی.

ــ ئه‌گه‌ر اوله‌رنك کیلش کونله‌رینی آنق بلسه‌ك ــ دیدی حاجی، ـ سین یولدان قارشیلاب کیره‌ر ایدك!

آتابیك جاواب بیرمه‌دی.

ــ هه‌ر حالده اوتته‌سی کون مولجه‌ل؛ سین چقماساڭ هه‌م حه‌سه‌نعه‌لی چقسن، یولغا!

ــ مه‌یلی، چقسن! ــ دیدی آتابیك.

## ــ ۵ ــ

## مه‌کتوب

حاجی شو جاوابدان کیین اوغلیدان بر ده‌ره‌جه قه‌ناعه‌تله‌ندی وه چایگه فاتیحه اوقب اورنیده‌ن تورار چاغیدا یانیده‌ن بر خه‌ت چیقارب اوزاتدی:

ــ خه‌تنك ئیچیده‌ن چقدی کیلنده‌ن ـ سینگه بولسا کیره‌ك! ــ دیدی.

آتابیك مه‌کتوبنی آلب آتاسی‌نك کیتیشینی کوتب قالدی. خه‌ت سه‌ککز بوکله‌نب قیزل ئیپه‌ك بیله‌ن بر ـ ئککی ییریده‌ن چاتلغان وه آتابیککه آتالغان ایدی. آتاسی‌نك اوزاقلاشینی کوته‌ر ایکه‌ن یوره‌گی یامانلاغان آتدیك تیپرچیله‌ر ایدی. تیکلگه‌ن ئیپه‌کله‌رنی سوکدی وه مه‌کتوبنی آچب آچ کوزینی اشکه قویدی:

”یوسف سەوداسیدە بیقەرار زولەیخا اسمیدەن، مەجنون عشقیدە یغلاغان لەیلی آتیدان - سز گە باشمداغی ساچلارمنڭ توکلەریچە بیحەد سەلام. میندەن - حەددو حیسابسز گوناە، سزدەن - کیچرش. اوتکەن اش گە سەلاوات. چونکی شو ئککی یل ایچیدە کیچر گەن قارا کونلەرنی ایسکە آلش مەنم اوچون اوشە کونلەرنی قایتادان باشدان کیچیرشلك سنگاری. ئول کونلەرنی سز اونوتڭ، اونتماڭ ئەمما مین اونتدم. شونڭ اوچون سوزمنی اوزمنڭ آخرغی هەم چن بەحت ئیسلەری هیدلە گەن تەئریخمدەن باشلایمەن.“

”سز قاچقاقسز: نەری - بیری تل اوچیدە مینگە بر نەرسە یازغاندیك بولب قاچقانسز. ئککی یل بویی مەرغیلان کیلب یورشلەرگزنی مین - اوزمچە ییشدم، لیکن تاپب ییشدم: سزنڭ بارچا مەشەققەتلەرگز — دوشمانلەرگز دەن اوچ آلش اوچون بولغانینی آڭلادم. یوقسا مینی کورەر ایدگز، کور گڭگز کیلمە گەندە هەم باشقالار سزنی کورەر ایدیلەر. تویەر ایدیلەر.. مین کەبی بەحتسز، مین کەبی غاوغاسی کوب سزنی زیرکتیرب، جاندان تویدرغان بولسا

عەجەب ئیمەسکی قاچا باشلاغانسز.. قاچساڭز قاچب کورڭز، ئەمما مین بو کوندەن باشلاب برەولەرنی قووشقا بیل باغلادم: آتام بیلەن آنام رەفاقەتلەریدە خزمەتڭز گە ـ چوزیلیغڭز گە ایرتە ئیندین یورەمەن، سویگەنڭز کوندەشم آلدیدا قەدرو قیمەتمنك نیمە بولیشینی هەم بیلەمەن... سز عالیجەنابسز: ئیسکی قەدردانلق حورمەتیگە، کوڭل اوچون کولب باقار سز.. لائەقەل شو گینە بیلەن هەم بەحتسزنی مەسعودە قیلارسز! ئەمما.. سویگەنڭز ـ کینجەڭزنك جیکیرشلەریدەن، قارغانشلاریدان بیحەد قورقامەن اوزمدە یوق قورقامەن.. شو یاقن آراداغی اونك بیلەن بولادرغان مەسعود دەقیقەلارڭزدا خودا یولیغا وەعدە آلڭز ـ مینی آغرتماسن. رەقیبەم کیلدی، دیب اویلاماسن. نیهایەتی مەقسەدم ئککی دوستکە بر چوریلك وە شو موناسەبەت بیلەن برەولەرنی کورب یورش..“

”خەتم آخیریدا شونی هەم ئەیتب قویای: ”اوچ قایتب مین هەم کوچەدەن هایدالماسام ایدی“ دیگەن خەوف هەمیشە کوڭلمدە. ئەگەر خودا

يارلاقاب ايشيككۇزده اورنلاشب آلسام اوياغينى اوزم بيلەر ايدم..»

« ايرته ـ ئيندين، كوزمگه يل كورينور..»

« يول باسشلق كوڭلگه بر عومر كورينور..»

« ٣ نچى حەمەل، مەرغيلان، يازدم كوميشكۇز»

آتابيك نلڭ سوينچى ايچيگه سغماسلق، اوزينى يوقاتب قويغان حالده ئلجەيەر ايدى. خەتنى ئككنچى قايتا اوقب چيقب يەنه سويونه باشلاغان ايدى كيچه گى مەنزەرەلەر اونگه كورينش بير گەنديك بولديلار. ئول سيسكەندى. كوز اونگيدەن كيچه گى مەزلوم گەودەلەر برمەبر اوتب ئول آشيغچ رەوشده خەتنى بوكلەدى وە اولەردەن ياشرغانديك چونچه گيگه تقدى، ايرغب اورنيدەن تورب كيتدى...

كوچەنى بر ئەيلەنب كيلگەندەن سوڭ باياغى مەنزەره لەردەن بر آز قوتلغانديك بولب يەنه مەكتوب ايسيگه توشدى. مهمانخانەنلڭ دەريچەسيگه قيبا تورغان حالده خەتنى يەنه اوقب چقدى. ليكن بو گەل خەت هەم باياغيديك سوينچ ايمەس كيچه گى مەزلوملەرگه تەعزيه توتقانديك آغر مەعنا بيردى:

« ئەمما.. سويگەنگۇزنلڭ جيگيرشلەريدەن، قارغانشلاريدان بيحەد قورقامەن..»

بايا نيمه اوچون سوينگەنيگه اوز ـ اوزيدەن حەيران بولب باشلادى. چندەن هەم مەكتوبنلڭ مونده كوچيرلگەن جوملەسى اويلاب قاراغاندا هيچ قانداى قووانچغا يول قويماسلق دەرەجەده قارا مەعنالك ايـدى. بو جوملە كيلەسيدەگى آڭلاشيلب بتمەگەن، ليكن بولیشى آنقغا اوخشاغان يارامِاس وە تنچسز بر حەياتنلڭ گويا موقەددیمەسى ايدى..

آتابيك كومش ئەيتكەنديك كوندەش يەعنى زەينەبدەن ئونچه قورقماسا هەم ئەمما دەردنلڭ ايلڭ دەواسيزى بولغان آناسى توغريسيدا يورەگى تترەدى. عومرينلڭ ايلڭ قيمەتلك كونلەرينى آغولاغان، ئككى يل بويى دەواسز دەردگه موبتەلا قلغان، يارامِاس وە اشانچسز يوللاردا سانقيشيغا سەبەب بولغان اوز آناسى ايمەسميدى؟ ـ وە رەقيبلەرگه، دوشمانلەرگه يول آچب بيرگەن شو آنانلڭ آرزوسى ايمەسميدى؟

كيلشلەريدەن خەبەر بيرشنى لازم تاپدى. چونكى خاتونى‌نڭ مەرغيلانلق كيلنگە بولغان عەداوەتينى آتابيكدەن هەم ياخشيراق بيلەر وە اونڭ: "اوغليگز مەرغيلانلدان اويلەنمەدى بر بەلادەن اويلەندى!" ديب قيلادرغان شيكايەتلەرينى هەممە وەقت ايشيتەر، دايما اسغ ـ ساوقچى داملا، خوجالارنيكيدە باش آغريتب يوريشينى هەم بيلەر ايدى. شونڭ اوچون اوز تەرەفيدەن اوزبيك آيم توشكرنى ياخشيلاب ايبكە آلماق، يوز قيزارادرغان اشلەرگە قارشى چارەلەرنى كورمەك فكريگە توشدى.

چالو كەمپرنڭ هەر بر اولتورشلەريدە سوز اوزبيك آيم تامانيدان باشلانديمى ئەلبەتتە ناقابل اوغول بيلەن مەرغيلانلق "ئەندى" كيلن اوستيدە بولار وە اونڭ اوچون ايڭ ئەهەمييەتلك مەسئەلە فەقەت شو گينە بولب كورينەر ايدى.

باشقا كيزلەردە كەمپرنڭ بو توغريداغى داد ـ حەسرەتينى كولگولك بيلەن وە كەم حەوسەلەلك بيلەن ايشتسە هەم ئەمما بو گەل اوزبيك آيمنڭ اوشە ايسكى عاشولاسينى آرتقچا بر توزمسزلك آراسيدا كوتەر ايدى.

بوتن شەھەرنی آلغاق ـ دالغاق قیلب کوهلك قز قیدرغان، نیهایەت چیرایلیلکدە تەنها، عەقللیلکدە یەکتا تاپب تویلار، تاماشالار، آرزو وە ھەوەسلەر بیلەن اوغلیغا "ـ خاتن بو بولبدر!" دیگەن افتیحار وە مەغرورییەت ایله تەقدیم قلغان سویوکلی کیلینی اوستیگە گویا اوچەکشکەندیك بولب کیلەدرگەن مەرغیلان پەریسیگە نیمە وە قاندای موعامەلە قیلار ایدی؟

کومش کوندەشی نڭ جیکیریشیدەن گینە چوچیغان بولسا، آتابیك بو چوچشنی اوزینڭ کولەگەسیدە قالدیراتورغان آناسی توغریسیدا تەمام عەقلینی یوقاتب قویدی.

— ٦ —

## اوزبیک آیم ـــ آغما، زەینەب نینگ دەردی.

یوسف بیك حاجی چەلە ـ دومبول تەبیعەتلك خاتونی نڭ فعلی خویینی یاخشی بلگەنی اوچون اوتکەن واقیعەلەرنی یەعنی آتابیك سرلەرینی اونگە آچماسلقغا قەرار بیرگەن بولسا هەم ئەمما مەرغیلانلق کیلن وە قودالار نڭ

کەمپرنڭ دەردی غوزادا، سچقاننڭ کوزی داللك کوزەدە دیگەنلەریدیك بزنڭ اوزبیك آییمزنڭ هەم دەردی بوزەدە ایــدی. سوز اورندی، سوزدەن ــ سوز چقدی نیهایەت حاجی نڭ کوتکەنیدیك اوغول حەسرەتی هەم باشلاندی:

ــ آخماقڭز بر آز ایسینی یغقان کورینەدر! ــ دیدی اوزبیك آیم، هایتاور اوچ آیدان بیری مەرغیلاننی ایسیدەن چیقارب قویدی!

حاجی کولدی:

ــ اسسغ ـ ساویغڭ کار قلغاندر..

ــ بلمەدم.. هەر نوچوك سو قویغاندیك بولدی، قالدی! ایلاهی ایم توشکەن بولسن..

ــ ایلاهی آیم توشسن! ـ دیدی کولب حاجی.

اوزبیك آیم ایرینڭ استهزاسیگە توشینب قالدی وە لەبی لەبیگە تیگمەی بابللای کیتدی:

ــ نیگە کولەسز؟ ـ دیب دیپسندی، ـ بو کونگەچە کولب ـ کو، اوغلڭزدان آجرالایازدڭز! ایندیگینە سز هەم.. خودایا تەوبە قلدم!

ــ زوری بیهودە میان شیکەنەد!

ــ ایلاهی تاجیکڭز قورسن! ـ دیدی اوزبیك آیم، ـ مین توغریسینی ئەیتسەم بو گەپلەرنڭ هەممەسیگە سز سەبەب بولماقداسز، ایر! یەککەش کولش، یەککەش کولگی! اوندەن کورە اوغل ـ قز اوسدیرشغا اوقووم یوق دیب ئەیتڭ!

حاجی تاغن کولدی:

ــ هە، اوقووم یوق، آیمچا!

ــ کولڭگییی ــ کولڭ! خودا اولم بیرسن کولکوگە! ــ دیدی اوزبیك آیم وە ئەچچیغی بیلەن یوزینی چیتکە اوگردی.

ــ مینگە قارا خاتن! ــ دیدی حاجی جددی توسدە. اوزبیك آیم قارادی، ـ اورنسز چیرەنسەڭ بیلڭ سینادر، دییدی تاجکلەر. شونگە اوخشاش اوزڭ جایسز چیرەنگەنڭدیك مینی هەم اوز یانڭغا تارتماقچی بولاسەن!

ــ بولماسا مەنم بارچا حەرەکەتلەرم اورنسز ایکەن ــ دە؟!

— اورنسز!
— نیگه اورنسز بولار ایکه‌ن؟
— سینڭ موودده‌عاڭ - دیدی حاجی، — مه‌رغیلانلق کیلننی اوغلڭدان آجراتب یوبارش وه بو کیلینڭ بیله‌ن قالدیرش — شونداغمی؟
— ئه‌لبه‌تته شونداغ!
— مه‌نه شو حه‌ره‌که‌تڭنی اورنسز چیره‌نش، دیدرله‌ر. نیگه، دیسه‌ڭ بلفه‌رز اوغلڭنی آلدڭغا آلساڭ — ده اونده‌ن سوراساڭ "قایسی خاتونڭ بیله‌ن بولشنی خاهلایسه‌ن؟ خاهلاماغانڭنی قوی!" — دیب. ئه‌نه شو وه‌قتدا اوغلڭ نیمه دیر ایدی؟ — نیمه دییشینی اوزڭ هه‌م یاخشی بلسه‌ڭ کیرڭ، خاتن!
— بیله‌مه‌ن! — دیدی اوزبیك آیم، — مه‌رغیلانلق نڭ داملاسی کوچلك، اوغلم بیچاره نڭ باشینی ئه‌یله‌نتیرب کوڭلینی خپپه اوزیگه باغلاغان!
یوسف بیك حاجی اوزینی کولگیده‌ن یه‌نه توختاتا آلمادی:
— یاخشی — دیدی، — سین هه‌م — کو، اوچ یلده‌ن بیری تاشکه‌نتده‌گی هه‌مه داملا — خوجالارنڭ ایشیگیگه برمه‌بر کیرب چقدڭ. به‌س سین هه‌م نیگه اوغلڭ نڭ کوڭلینی زه‌ینه‌بکه خپپه قیلب باغلای آلمادڭ؟
اوزبیك آیم ایرینڭ بو سه‌والیده‌ن حه‌یران بولب تورمادی:
— مه‌رغیلانلق نڭ داملاسی سیحرچی هندی ایدی، مین بولسام بو یرده‌ن هندی داملا تاپالمادم!
حاجی ئیندی کولمه‌دی. چونکی خاتونینڭ حالیگه ئه‌چینه باشلاغان ایدی.
— بونداغ عه‌قلسز ئیشله‌رنی قویایلق، خاتن! — دیب مولایمانه سوزلاب کیتدی، — بر آز عه‌قلغا یان بیرب اش قلغان کیشی هیچ بر وه‌قت ده‌رد قالمایدر. مادامیکی ئککیمزنڭ یالغز اشانچیمز شو اوغلیمز ایکه‌ن وه اونڭ ساغلق، شادلیغی بزنڭ تیریکلیگیمزنڭ تره‌گی ایکه‌ن به‌س بزگه لازیمی اونڭ خورسه‌ندلیگی نیمه بیله‌ن بولسا شونی آختارشدر. مین یاخشی بیله‌مه‌نکی سین بو ئشله‌رنی فه‌قه‌ت اوغلڭنی آیاغانڭدان قیلاسه‌ن وه سینده شونده‌ن باشقا هیچ بر مه‌قسه‌د یوق، بو ته‌ره‌فده‌ن قاراغاندا سینی هه‌م عه‌یبله‌ب اولترش آسان ایمه‌س.. شونی هه‌م یاخشی بلغل کم اوغلڭنڭ آی ساین مه‌رغیلانغا قاتناب توریشی

سینی قانچا خەفە قلسا مینی هەم سیندەن بەتتەر ئەچچیغمنی قستاتار، حەتتا بەعزی کیزلەردە سوکب یوبارش دەرەجەلەریگەچە بارب قایتار ایدم. ئەمما سینڭ جەهاڭنی چیقارب کولیشم بولسا فەقەت "اولگەنمدەن کولەمەن، یوزمنی بیرگە سورەمەن" قەبیلیدەن بولب بونگە سین توشنماس ایدڭ. نیهایەت سین ئەیتکەندیك جانم خیقلداغمغا یيتدی ــ دە اوغلڭنی بو گەل مەرغیلانغا بارماء دیب یولدان قایتارب قالغوچی هەم مین ــ اوزم بولدم..

اوزبیك آیم باشینی تیرواتب سوزنی ایشیتب کیلەر ایدی. بو کیینگی سوزنی ایشتکەندەن کیین باشینی کوکسیگەچە یتکوزب "بەرەکەللە، رەحمەت" دیگەندیك قیلب قویدی.

حاجی داوام ایتدی:

ــ مەنم بوتوختاتب یوبارمای قویغانمدان خەبەرسز لیغڭ اوچون بولسا کیرەك کوڭلڭ داملا ـ خوجانڭ دوعاسیگە کیتب قالدی وە مین سینڭ سوزڭدەن کولدم، چونکی حەقیقەتدە بونڭ سەبەبچیسی اوزم ئیدم...

اوزبیك آیم ایریدەن اوپکەلەدی:

ــ نیگە، ئەخر مینی خەبەردار قلمایسز؟

ــ بو توغریدا میندە هەم عەیب بار! ـ دیدی حاجی، ــ سین بیلەن اوزمنڭ موددەعالاریمز بر، دیب اویلاغانم اوچون آتابیکنی کایب توختاتقانمدان سوڭ سینگە کیگەش سالماسداناق قودالارڭغا بر خەت یازغان وە کیلن بالانی تاشکەندگە آلب کیلشلەرینی سوراغان ایدم. هایتاور سوزمنی یيردە قالدرماغان اوخشایلار، بو گون قودادان بتتە جاواب خەتی آلدم.. عەقللی کیشیلەرنڭ ساداغاسی کیتسەڭ هەم ئەرزیدر: "شو چاقغاچا سزلەرگە ئەیتدرمەسداناق زیبارەتلەرڭزگە باریشیمز کیرەك ایدی. خەتکزنی اوقب نیهایەتدە حیجالەت چیکدك، آینقسا کیلن بالاڭز بیك آیمغا قایسی یوز بیلەن قارایمەن، دیب یوزینی یولدی. بو ئەدەبسزلیگینی بارغاندان سوڭ ئەلبەتتە یوزیگە سالماسلار، دیب اشانامز" دیدر...

اوزبیك آیم ایریگە آنقایغانچا قاراب تورار ایدی. حەقیقەتەن هەم حاجینڭ اوستالیغی اوزبیك آیمدیك دومبول تەبیعەتلك-خاتنلارنی گەنگیتەرلك ایدی.

ئول خاتونینڭ جاوابینی کوتب اولتورماسدانئاق تام اوستیگه تام یاپا باردی:

— قایسی اوینی بوشاتدرساق ایکەن؟ — دیب سورادی وە جاواب کوتمەسدەن، — قودالارڭنی نیمه بیلەن کوتشنی بولسا، اوزڭ بیلەسەن؛ تویە سویب چارلاغانڭدا هەم کیلمەیدرگەن کیشیلەر! — دیدی.

اوزبیك آیمنڭ میيەسی ئەینەدیمی، یاکی اوزی ئەیتکەن سیحرچی هندی نڭ دوعاسی ئەسەر قلدیمی، هەر نوچوك اوچ یللك عەداوەتلەر وە کینە، کودورەتلەر بارچاسی هەم ئەللە قایاقغا قاراب اوچب کیتدیلەر وە اولەرنڭ اورنینی "ئککی کیلنلك بولش" مەسئەلەسی کیلب آلدی.. اوزاق، یاقن خاتنلارنڭ "— های، اوزبیك آیمنڭ مەرغیلانلق کیلینی هەم کیلبدر؛ خوددی توتینڭ بالاسی ایمش.. یورڭلەر بر کورب کیلەیلك!" دیگەن سوزلەری ایشیتلگەندیك بولدی. شو چاقغاچا زەینەبکه یالینب، یالپاغلانب کون کورب کیلگەن بولسا موندەن سوڭ بر قوشا کیلننی اوزینڭ آیاغلاری آستیدا یالینب یورگەن حالدە کوردی..

— هەر نیمه بولغاندا هەم تیگی نازك! — دیدی آیم، — عززەتی اوچون شو اوییمزنی بوشاتب بیرەمزمی؟

— اوزڭ بیلەسەن..

— بز توردەگی اویگە کوچب اوتسەك هەم بولادر.. ئەخر تیگی نازك..

اوچ یللك کینە وە عەداوەت اورنیگە نیهایەتدە عالی مەرحەمەت وە مهربانچیلق کیلب اولتورگەن ایدی. اوچ یللك ایمەس اوچ دەقیقالق اوز گەرشدەن اوزبیك آیمنڭ یوزی قیزارماس وە قیزارشنی هەم بلمەس حەتتا اوغل-قز اوسدیرشنی بلمەگوچی یوسف بیك حاجیدان ئەللە قانچا یوقاریلاردا یورار ئیدی. یوسف بیك حاجی ایسە خاتونیدەگی بو کولگولك اوز گەرش اوچون عەجەبلەنمەدی وە کولمەدی چونکی بو کولکی تەبیعەتکه مالك بولغان خاتن بیلەن ایندی اوتتوز بیش یللەب برگە یاشار ایدی.

ئوزبیك آیمنی شو حالگه کیلتر گەندەن کیین اوندەن سوراب قویدی:

— زەینەبکه هەم بو خەبەرنی یاتیغی بیلەن ئەیتب قویامزمی؟

— سز بـيلەن، مين بر اشنى مووافق كور گەنيمزدەن كيين زەيـنەبـكه چيكاره! — ديدى اوزبيك آيم. موندەن اوچ دەقيقا ئلگەرى سەعادەتى اوچون تيريشلگەن آرزولق زەينەبنڭ عاقيبەتى هەم شو بولب قالغان ئيدى.

— گەپ اونده ايمەس - ديدى حاجى، - عومر، ميراسا ديگەن گەپلەر بار، آينقسا كوندەشلك ايشى قيين؛ كاسه - كاسه گه تيككەنده غيدى - غيدى گەپلەر كوپەيسه بز گه ايمەس اوغلڭگه هەم تاتيماى قالادر.

— چاقر، ديسزمى؟

— چاقر!

اوزبيك آيم زەيـنەب بيلەن آتابيك نڭ كوتـلمه گەن رەوشده آچيلب سوزلاشب اولتور گەنلەرى اوستيدەن چقدى.

— اوغل، قزنڭ كيكەشيمى؟

آتابيك كولمسيرەب زەينەبكه قارادى، زەينەب ايسه توزەتيب اورنيدەن توردى وە قاين آناسيغا جاى كورسەتب:

— شو ناقاغا ئوخشايدر، آيى! اوغل - قزنڭ كيكەشى حودده شو كونگه ييغيلب قالغان ايكەن - ديدى وە كولمسيرەب ايريگه قارادى.

اوزبيك آيم اولتورمادى. وە اونى — بونى سورشتيرب، اويلاب تورمادى:

— ئككەلەسيگه بر پەردەن كوينەكلك آل! برينى پەست برينى بەلەند قلما، بو خاتونڭ بولغانـدا ئول هەم كوز آچب كور گەنڭ.. زەينەب، سين مين بيلەن جورچى، حاجى آتاڭ چاقر ياپتيلار! — ديدى.

تامدان تەرەشه توشكەنديك قيلب سوزلانغان يوقاريداغى گەپلەر گه باشدا اولەرنڭ ئككەوى هەم توشنمادى. ئەمما بر آزدان سوڭ آتابيك ئەيتلگەن تيلوە، تيسكەرى سوزلارنڭ مەعناسينى آڭلاب آلدى، آناسى نڭ نيمه بولسا هەم مەرغيلان تەرەفكه آغشقانينى وە اوزينڭ كوچلك بر دوشماندان قوتيلا يازغانينى بيلب زەينەبنى نيمه اوچون چاقيرلغانينى هەم پايقادى. زەينەب ايسه بر نەرسه توشنمه گەن حالده قاين آناسى بيلەن چقدى.

قاين آنا وە كيلن قارشيسيغا كيلب اولتورشكەندەن كيين حاجى زەينەبكه قاراب آلدى.

— بالام، زەينەب! ديدى، - بز مەرغيلانداغى آپاك كوچينى آلب كيلمەكچى بولدق.. سين شونگه نيمه دييسەن؟

زەينەب يەلت ايتب قاين آناسيغا قارادى چونكى اوزبيك آيەمنڭ باياغى گەپى ايندى اونگه آڭلاشلغان ئيدى. دوستنى دوشمان يانيدا كورب بيلينەر، بيلنمەس قيلب ئينتكدى.

— مين نيمه دير ايدم..

— گەپ نيمه دييش وە نيمه ديمەسگده ايمەس، آيم! - ديدى حاجى - گەپ شوندەكى ئول كيلگەن چاغدا ئيگەچى - سنگل ديك بولب كيته آلاسەنمى ديب سوراماقچيمەن.

— بولب كيتەرمز..

— ئيگەچى — سنگل بولب كيتەرسز — ئە؟ — ديب تەكرار سورادى قاين آتا.

— بلمەدم..

— نيگه تاغن بلمەى قالدڭ؟

زەينەب بر مونچه وەقت اويلانب قالدى.

— قەرس ئككى قولدان چيقادر — ديدى زەينەب، — مين ياخشى بولغانم بيلەن آپام يامان بولسا حازر گى بير گەن وەعدەمدەن نيمه فايده بولسن..

— جوده توغرى گەپردڭ، بالام؛ - سيندەن آلغان وەعدەنى اوندەن هەم آلامز!

زەينەب سوكوت قلدى.

— زەينەب سز اويلاغان كيلنلەردەن ايمەس - ديدى اوزبيك آيم، - خوداغا شوكر عەقل - هوشى باشيدا.

— باشقا گەپلەرنى كوڭلگه كيلتورمه، قيزم! مەرغيلانلق كيلن بيلەن سيڭگ بزگه هيچ بر فەرقلەرڭ يوق، ئككەولەرڭ هەم بالامزنڭ قوشاغى - بالامز سز!

زەينەب باشينى ئرغاتب قويدى. يوسف بيك حاجى نڭ دوعاسيدەن سوڭ زەينەب آتابيكنڭ آلديغا كردى.

— ئەلبەتتە سويەسز..

آتابيك اوزينى تنچ اوشلەگەن حالدە:

— ياڭكليشاسز ! - ديدى.

— هيچ ياڭكلشمايمەن! - ديدى زەينەب، — سز اويلەنشدەياق اونى سويب آلغانسز، مينـى بولسا.. مين آتا - آناڭزنڭ آرزولەريچە! - ديـدى وە كوزيگە جق ياش آلدى.

آتابيك آغر حالگە توشدى، بو توغرى سوز اونى تەمام ايسەنكيرەتدى وە بو حەقيقەتكە قارشى بارش يەعنى يالغانلاش يەنە آغر ايـدى. شوندەى بولسا هەم يالغانلاماى چارەسى بولمادى:

— باشـدا.. سويب اويـلەنگەنم سز ئەيـتكەنچە توغرى، ئەمما حازر اونداغ ايمەس! — ديدى.

— اشانمايمەن.

— نيگە اشانمايسز، اشانڭ!

آتابيك زەينەبنڭ يوزيدەگى مەئيوسلكنى برنچى كورشدەياق سيزدى. بر آز جمگينە قارشيما ـ قارشى اولتورشديـلەر ئـككيسيگە هەم سوز ئەيتش اوڭغايسز وە ئەللە نەرسە مانعديك ايدى.

ـ نيگە چاقرغان ايكەنلەر؟ ـ ديب نيهايەت آتابيك سوراب يوباردى.

ـ بيلب تورب سورايسزمى؟ ـ ديدى زەينەب كوچلەنب كولگەن حالدە.

ـ نيمەنى بيلب تورب؟

ـ مەرغيلانلدان كيلەدرگەن كيشكزنى..

آتابيك قيين حالەتدە قالدى وە آغزيغا شوگەپ كيلدى:

ـ موندە مەنم اختييارم يوق.. هەممە اشنى آتام قيلا ياتبدر..

ـ آتاڭز قلسالار هەم سزنڭ كوڭلڭز دە گيچە!

ـ نيمە كوڭلم دە گيچە؟..

ـ سويـگەنڭز بـيلەن بيره ـ تولەسيگە قوشيلب آلش ئـەلبەتـە سزنڭ كوڭلڭز دە گيچە...

ـ مين ئونى سويەمەنمى؟.

زەينەب بر آز اونگە قاراب تورغاندان كيين:
— اشانماغانمنڭ سەبەبى بار! - ديدى.
آتابيك تنچسزلەندى:
— سەبەبينى.. سوزلەڭ!
— مينگە اويلەنگەنڭز گە قانچا بولدى؟
— ئككى..
— شو ئككى يلدەن بيرى مينگە بولغان عەلاقەڭز بر زەررە هەم اوزگەرگەن ايمەس - ديدى زەينەب، - مينى خاتن اورنيدە كورمەيسز!
— بيكار گەپ..
— بيكار گەپ ايمەس، جانم! - ديدى زەينەب قيزشقان حالدە، - مەرغيلاندان قايتقاندان كيينگى كونلەرڭزنى مهمانخانەدا كيچيرب كيليشڭزدەن ئەلبەتتە تانا آلماسسز.. شو هەم اوميد بيلەن بر ياستققا باش قويغان ايدى، ديب مەنم توغرمدا اويلاب قاراماسليغڭز نڭ سەبەبى هەم اوزڭزگە...
زەينەب سوزينى بيترە آلمادى چيتكە قاراب كوز ياشيسينى توكدى آتابيك گويا تاغ آستيدە قالغان ايدى.
— سز تەمام باشقاچا توشينبسز..
— بولماسا بو گەپلەرنڭ سەبەبى نيمە؟
— سەبەبى جودە آچق - ديدى آتابيك. ليكن نيمەنى سەبەب قيلب كورسەتشنى اوزى هەم بلمەس ايدى.
— ئەيتڭز ئەخر!
— اوزڭز هەم بيلەرسز، ديب اويلايمەن.
— مين هيچ نەرسە بلمەيمەن.
— بيلەسز!
— خودا حەققى بلمەيمەن.
— بلمەسەڭز.. - ديدى بيك، - بلمەگەنڭز ياخشى.. سزگە اوز آغزم بيلەن اقرار قيلشغا اويالامەن.
— ميندەن - ئە، خاتونڭزدان اويالاسزمى؟

— اویالمایسنمی؟

— اویالماڭ!

— اویالماسام.. میزاجم زەعیف..

زەینەب اشانر، اشانماس اونگە قارادی.

— توغری سوزلامادگز..

— اشانماساگز اوزگز بیلگ، لیکن حەقیقەت گەپ شو، سزدەن اوزاقدا یوریشمنڭ سەبەبی هەم شونده!

— اشانغانمدا هەم بو حال تاشقاریدا یاتب یوریشگز اوچون کەتتە سەبەب بولا آلمایدر. چونکی مین فەقەت شونڭ اوچون سزدەن اوپکەلەمەیمەن! دیدی وە کوزینی تولدیرب آتابیککە قارادی، ـ مینگە سزنڭ میزاجگز کیرەك ایمەس.. اوزگز..! — دیدی وە یغلاب یالبارغان حالدە آتابیكنڭ قوچاغیغا اوزینی تاشلادی.. آتابیك زەینەبنڭ شو قەدەر یورەك دەردی بارلیغینی برنچی مەرتەبە بیلەر ایدی. بیچارە زەینەب جانسز هەیکەلنی اوپب قوچاقلار وە یالبارار ایدی.

— ٧ —

## قودالارنی کوتب آلش.

کیچەگی کرگەن سەوداگەرلەردەن قودالارنڭ بوگون آنق کیرش خەبەرلەرینی بلگەن ایدیلەر. نەریراقدان کوزەتب کیرش اوچون حەسەنعەلی یول اوستیگە کیتکەن، یوسف بیك حاجی نڭ اوزی اش باشیدە تورب آیباداقدان تاشقاری خاولینی تازالاتار ایدی. ئچکەریدە بولسا اوزبیك آیم قوشنی خاتنلاردان بر نیچەسینی حەشەرگە ئەیتب هەممەنی جای جایغا قویدرغان خاولی یوزینی هەم یاغ توشسا یالاغوندیك حالگە کیلتورگەن ایدی. ئەمما اوز اویینی بوشاتدیرب، گیلەم سالب قویغانیغا ئیندی اوچ کونلەب بار، قودالارنڭ زیبافەتی اوچون کیرەك بولغان هەممە نەرسەلەرنی هەم حازرلاتقان، اولەر کیلب توشدی، دیگونچە بوغزلاتش اوچون، دیب بر غونان قوینی آغلنڭ اوستونیگە قانتارترب قویغان ایدی. کومش بیلەن زەینەبکە آتالب

آلنغان خان ئەتلەسلەرگە كوڭلى تولماى ”هەر نوچوك — دە تيگى نازك، بو بولسا ايندى كوم كييدى؛ ئەتلەسنڭ يانيغا يەنە بر خيتايى لەتتە آلڭز!“ ديب مەرغيلانلق‌نڭ كوينەگينى بر قوشا قلدرغان. بتتە خيتايى چوجم مورسەكنى كەم كورب يانيغا اوزينڭ قيمەت باها زەررين مورسەگينى وە ئيكيتە رويمالگە هەم قانقماى اوزينڭ كيلن ليگيدەن اورالماى قالغان قالماقى سەللەچەسينى قوشقان ايدى.

زەينەب هەم ئونچە خەفە كورنمەس، قاين آناسى‌نڭ بويرقلارينى ئيسكى حاليچە باجارب يورار وە حازردە اويگە كيرب آلب مهمانلەر كيلب توشدى ديگونچە آلديلاريغا يازش اوچون دەستورخان ياساتار ايدى.

اوزبيك آيم حەشەرچى خاتنلەردان بريگە تەنرگە اوت قويشنى بويردى - دە اوزى زەينەب‌نڭ آلديغا كيلدى:

— دەستورخانڭ بتديمى، بالام؟ - ديب سورادى.

— بتدى. تاشقارينڭ عەسەلى كەمگە ئوخشايدر.

— كەم بولسا دەررەو آمباردان كيرەگيچە آلب چق، اوندەن كيين خەميرگگە اوزڭ قارا، آيباداقنڭ قولى تيگمەس، خەمر گوپ بيرب كيتپتى! - ديدى وە دەريچەدەن كوتەريلب دەستورخانلەرنى - كوزەتدى، دەستورخانڭ توزك، واراقينى ايسگدەن چيقارما! — ديدى وە اورتا يولەكدە كورنگەن يوسف بيك حاجينى اوزيگە املەدى، — بيرى كيلڭ!

يوسف بيك حاجى باشيدا آق توپپيسى وە ئگنيدە آق آلاچا تونى بيلەن اوستيدەن بيلينى باغلاغان ايدى. اوزبيك آيم يانيغا سيكن - سيكن يورب كيلدى:

— نيمە گەپ؟

— دەستورخانلاريمزگە بر قاراب قويگچى!

حاجى پەرواسزغينا قيلب قاراغان بولدى:

— اوزگگە ياقسا بوپتى! — ديدى.

— قەسساب ئەيتكەنميسز، تاغن اولەر كيلگەندەن سوڭ شاشب قالمايلق!

— قەسساب تەييار، حازر بوغزلاتساق بولمايديمى؟

— يوق — دېدى اوزبېك آيم، — آش ايگەسى بيلەن شيرين! هە، ئەيتكەندىك قوداڭز نيكيگە يوبارغان كيشڭز كيلديمى؟

عەسەل اوچون شاشب بارغان زەينەب توختاب قاين آتاسى نڭ آغزيغا قارادى.

— بارب كيلدى — دېدى حاجى، — عالم بيك دەلەسيگە كيتكەن ايكەن، خاتن قودالار كيلشمەكچى بوليشبدر.

زەينەب عەسەلگە كيتدى. حاجى اوزبيك آيم نڭ يانيغا يورب كيلدى وە سيكن سورادى:

— زەينەب خەفە ايمەسمى؟

— نيمە گە خەفە بولار ايدى!

— ئەخر، سورايمەن — دە.

— توپپە توزك — دېدى اوزبيك آيم، — تاشقارڭزدان آيباداق قوتيلاياز ديمى؟

— قوتيلب قالدى. مەحەللەدەن هەم اوچ — تورتتە كيشى ئەيتدم؛ آشنى كوپراق قيلش كيرەك.

— خوب

حاجى اويان — بويانغا آلانغلاب آلغاندان كيين سورادى:

— اوغلڭ قاياغدا، كورنمەيديمى؟

— تاشقاريدا ايدى — كو!

— بايا شوياققا كرگەنديك بولغان ايدى.

— گوزەر — پوزەرگە چقغاندر — دېدى اوزبيك آيم.

آيباداق تاشقارينى ييغشتيرب كردى. حاجى مهمانخانەگە چيقب كيتدى. اوزبيك آيم نڭ ئەمريچە آيباداق، زەينەب وە حەشەرچى خاتنلار كولچە ياساشغا اولترديلەر.

كون توشدەن آغقاندا هەممە سەرەنجام آلنغان ايدى. اوزبيك آيم تويگە بارادرغان خاتنلارديك ياسانغان، ئيگنيگە آديمى خان ئەتلەس كوينەك، باشيدا آق شاهى دەكەنە، كوزيدە سورمە ايدى. اوزبيك آيمنڭ:

”کیلننی خار توتار ئیکەن دیمەسنلەر؛ سین هەم اوزڠنی توزات!“ دیب
ئەیتکەنی اوچون زەینەب هەم تەمام ئیپەکلەرگە کومیلب یاسانغان،
کیچە ایرگە تیککەن یەنگی کیلنلەر سورەتیگە کرگەن ایدی.

زەینەب نڭ آناسی ــ ماهیرە آیم، آپاسی ــ خوشرویبیبی وە یەنگەسی
حەنیفە نیسالەر هەم کیلشدیلەر. اوزبیك آیمنڭ کوڭل تارتار قوشنیلاریدان
کەریمە آتن، شەرافەت چیوەر وە مەهینە بانولار هەم یاسانب توسانب
چقدیلار. اون چاغلق خاتن بولیشب ساوتماچاق دەستورخانگە اولتورشدیلەر.
اوزبیك آیم مەجلسکە ــ مەرغیلانلق قودانڭ آدەمگەر چیلکنی بیلیشیدەن،
آتابیکنی تاشکەنددەن اویلەنتیرشگە قارشی لام ــ میم دیمەی، قایتاغا اوزی
کویەوی بیلەن برگە کیلب، توینی اوتکەزیشب کیتکەنیدەن، مەرغیلانداغی
آبروسیدان وە دەولەتیدەن بەحس قیلب ئەیتەر ایدی:
ــ بیچارەنڭ باری ــ یوغی پیشانەسیدەگی بالاسی شو بزنڭ کیلینیمز.
آتابیکنی اوز بالاسیدەن هەم یاخشی کورب ”اوغلم بولسا شونداغ بولار
ایدی ــ دە، میندەن کیین هەممە دەولەتم شونیکی، ایلاهی آمان بولسن!“
دیر ایکەن..

ماهیرە آیم ئەللە نوچوکلەنگەنی حالەتدە جاواب بیرەر ایدی:
ــ هە، ئەیلەنەی قودا.. قەرس ئککی قولدان چیقادر، دیگەنلەر.. بوزاق
یاخشی بولسا ئککی آنانی هەم ایمەر ایکەن..
قویاشنڭ قزدیریشیدان چەنگی چیقب کیتکەن خاولیغا سو سیپب تورگەن
آیباداق تاشقاریداغی گولدر ــ گولدرنی ایشتدی وە چاپب مهمانلەر اولترغان
اویەنڭ دەریچەسی یانیغا کیلدی: ”کیلشکەنگە اوخشایدیلار.“ دیدی.
اوزبیك آیم گەپیرب تورگەن سوزینی یارم یولدا قالدیرب ئرغب اورنیدەن
توردی وە مهمانلەر هەم اونگە ایرگەشدیلەر. زەینەب بوزارغان حالەتدە
اویيگە یوگورب کیتدی. اوزبیك آیم باشلق ــ خاتنلار خاولی یوزەسیگە
توشدیلەر. ماهیرە آیم قیزی خوشروینڭ قولاغیغا نیمە در شیورلەب کولب
قویدی. اوزبیك آیم اورتا ایشککە بارب یيتمەگەن هەم ایدی نەریگی
یاقدان قوشنینڭ بالاسی یوگیرب کیرب قالدی.

— سوينچى بيرڭ بيك بووى، كيننايم كيلديله!

اوزبيك آيم چونچه گيگه قولينى سالب بيش — اون پول آلب بيردى بالا آرقاسيدەن حەسەنعەلى كورندى:

— قانى آيى، كورمەنەنى بيرگچى؛ مين سزنڭ قاچقاق كيلينگزنى توتب كيلدم! — ديدى وە يولەككە قاراب، — توختاڭ، توختاڭ ئىلگەرى مين سوينچمنى اونديرب آلاى!

يولەكدەن آفتاب آيم كورندى. پەرەنجيسى باشيدا، چەشمبەندى قوليدا ايدى. حەسەنعەلى اوزبيك آيم بيلەن تانشدردى:

— بو كيشى قوداچاڭز — آفتاب آيم بولادرلار!

اوزبيك آيم آفتاب آيم بيلەن سەلاملەشب قوچاقلاشا كيتديلەر.

اوزبيك آيمدان كيين باشقا خاتنلار اوناڭ بيلەن كوريشب چقديلار هەممەنڭ كوزى آلانغ — جالانغ كيلدى. كومشنى آختاريشار ايديلەر. كومش هەلى ئچكەريگە كرگەن ايمەس، اوزبيك آيمنڭ ئككى كوزى يولەكدە، حەسەنعەلى بر يولەككە وە بر اوزبيك آيمغا قاراب نيمە اوچوندر كوزينى قيسب قويار ايدى. خاتنلار بيلەن كوريشب چيتدە تورگەن آفتاب آيم قوداسى يانيغا كيلدى: "اويالب تورغاندر." ديب كولدى. اوزبيك آيم كولمسيرەب يولەك تامانغا:

— هاى پاشا كيلن! — ديدى، — بيزلەر كوتب قالدق — ئە، اويالماڭ بالام! حەسەنعەلينڭ كورمەنەسى بولسا تەييار!

حەسەنعەلى يولەككە قاراب ئملەدى.. قپ قزارغان حالدە كومش كورندى: پەرەنجسى قوليدا، قارا ئەتلەس كوينەك ئيگنيدە، زەنگار لەتتە مورسەك اوستيدە، آق شاهى رويمال باشيدا ايدى. شەهلا كوزلەرى كولمسيرەشكە ياقن حالدە اوياتلك ايديلەر.

حەسەنعەلى تانتدى:

— مەنە بو كيشى قاين آناڭز — بيك آيم بولادرلار!

كومش سەلام بيردى وە قوليداغى پەرەنجيسىنى يرگە تاشلادى يوگورب كيلب اوزينى اوزبيك آيمنڭ قوچاغيغا آلدى. اوزبيك آيم هەم اونى مەحكەم

سيقب قوچاقلاب آلغان، يوزيدەن شەپ ــ شەپ اوپب ئەيلەنب، ئور گولەر وە تيكيلب ــ تيكيلب نيمە اوچوندر يغلار ايــدى.. كوتب تور گەن خاتنلار، ماهيره آيم، خوشروى وە حــەنــيفەلەر كومشنى كور گەن آن بر بر لەريگە قاراشب لەبلەرينى تشلەشديلەر..

قاين آنا ــ كيلن بر دەقيقا چاماسى كوريشب قالديلار. سوڭره كومش باشقالار بيلەن بر ــ بر كوريشب چقدى. اوزبيك آيم هەر بر خاتننى، كم بولغانينى اونگە تانيتب باردى. ايلڭ كيين آرقادان زەينەب كورندى. چونكى ئول اويدەن ايندى چيقب كيلگەن ايدى. اوزبيك آيم كولب كومشكە قارادى.

ــ قانى، اوزڭ تانيچى، كم ايكەن بو!

كومش حەيران بولب قالمادى.. ئيپەكلەر ئيچيگە غەرق بولغان زەينەبگە قاراب آلب اونگە تامان آديم تاشلادى:

ــ زەينەب آپام! ــ ديدى. زەينەب هەم كولمسيره گەن حالدە كومشكە ياقنلاشب كيلدى.. ئككى كوندەش "ايسانميسز، آمانميسز، ايسان ــ آمان يوربسزمى؟!" سوزلەرى بيلەن آزارسز قيلب بربرينڭ يـيلكەسيگە وە قولتق آستيغا قول يوبارشديلار. اولەر كوريشب تورغاندا يولەكدەن يوسف بيك حاجى كورينب، قاچادرغان خاتنلار اوزلەرينى چيتكە آلديلار. حاجى اولەرنڭ آلديــغا ــ يوزەگە چقغاچ آفتاب آيم سەلام بيرب رويمالى بيلەن تاماغ آستلارينى اوراب آلدى. حاجى قوداچاسى بيلەن سوراشب:

ــ بــەرەكــەلله سڭلم! هايتاور چارچاماى كيلدڭلەرمى، مين سزلەرنى آوارە قلديماو! ــ ديب عوزر ئەيتب كولگەن وە اويالب بارغان قوداچاسيغا ييڭللك بير گەن بولدى.

ــ قانى بيك آتاسى، كورمەنەنى بيرڭچى! ــ ديــدى اوزبيك آيم كومشنى ئملەب.

كومش اويالب زورغا غينا سەلام بيردى وە يوسف بيك حاجينڭ ياقينيغا كيلب بوين ئيگدى. حاجى قولى بيلەن كومشنڭ ييلكەسيگە قاقب سويــدى وە كومش نڭ ماڭلاييغا تيگيزب آلغان اوز قولينى اوپدى:

ــ بزنڭ مەرغيلاندا هەم شوندەى كيلينيمز بار ايكەنكو ــ بز بلمەى يورغان

ايكەنمز ـدە! ـ ديب تيوەرە گيگە قاراب كولندى وە قولينى دوعاغا آچدي ـ بزنــى شونــچەلك سيىلاب كــيلبسزلەر، بو ياخشيلقلارڭز بزدەن قايتماسا خودا دان قايتسن. الله تعالى ياشلارغا تنچ وە بەرەكەتلك عومر بيرسن.. اللهم تقبل دعاء..

هەممە دوعاغا يوز سيپەشديــلەر. سوڭرە يوسف بيك حاجي كومش بيلەن زەيــنەبكە قارادى:

ــ مين سزلەرنڭ كوريشب تورغانــلارڭزنــى كورب جودە قووانــدم! ـ ديــدى، ـ مونــدەن سوڭ هەم شو يوسندە بربرلەرڭزگە ئيگەچى سنگلديك بولماقلارڭزنى تيلەيمەن! ـ ديدى وە اوزبيك آيمغا، ـ قانى مهمانلەرنــى ئچكەريگە آلڭلار! ـ ديب اوزى تاشقاريغا بورلدى.

ـ ٨ ـ

## زمنەن عەداوەت

شوندەن كيين اوزبيك آيم آلدنغا توشب قوداسى بيلەن كومشنى اويگە باشلادى. اولەرنڭ كيتيدەن باشقا مهمانلار يورديلەر. اوزبيك آيم يول اوستيدەن آيباداقىا:

ــ تيزراق چايڭگە قارا، بيچارەلەرنڭ ئەرەوەدە ئيچەڭى اوزولغاندر! ـ ديدي وە آفتاب آيم بيلەن كومشكە، ـ مين سزلەردەن جودە خەفەمەن! ديب قويدى.

آفتاب آيم كومشكە قارانب جاواب بيردى:

ــ ئەيتسەڭز، ئەيتمەسەڭز بز جودە اوياتلك بولغانمز!

اوينڭ دەهليزيگە كرديلەر. اوزبيك آيم اولەرنى تورگە تەكليف قلدى:

ــ قانى، يوقاريغا! ـ ديدى.

آفتاب آيم تورگە حەرەكەت قلسا هەم كومش باشقا مهمانلەردەن اويالب توختادى، اوزبيك آيم اونى قستاب توشدى:

ــ ئيــيمەنــمە كومش آتن؛ بو گون ـ ايرتــە بزگە يەنگى كيلن سەن؛ اوچونچى كوندەن باشلاب سين موغامبرنڭ باشكدا تيگرمان يورگيزشنى اوزم ياخشى بيلەمەن! ـ ديدى. آفتاب آيم وە كيينده گيلەر كولشديلەر.

يه‌نه، - هه‌لی شین مه‌نم ساوونمگه کز یووب کور گه‌نك یولی! - دیب قویدی.
بو گه‌ل کومش هه‌م کولمسیره‌ب آلدی.

- تور گه آفتاب آیم وه ماهیره قوداچالار اولتوردیله‌ر. آفتاب آیمنك سولیگه کومش، کومشنك یانیغا خوشروی، ماهیره آیمنك اونگیگه حه‌نیفه اونده‌ن کیین که‌ریمه آتن، شه‌رافه‌ت چیوه‌ر وه مه‌هینه بانولار قاتار چیز یلشدیلار. ایك آیاغدا اوزبیك آیمنك اوزی اولتردی. که‌ریمه آتن قول آچب ذوعا قلغاندان کیین اوزبیك آیم "خوش کیلبسز" قلدی. مونده‌ن سوك هه‌ممه نك کوزی اتتیفاق قلغاندیك کومبشکه توشدی. کومش اویالب ییرگه قارادی. بر نیچه وه‌قت جم قالیشب ماهیره آیم، آفتاب آیمدان سورادی:

- مه‌رغیلانداندان ییتب کیلگونچه هه‌م جوده بر ییرگه ییتکه‌ندر سزله‌ر؟

- اونچه چارچاغانیمز یوق - دیدی آفتاب آیم، - اوزی مه‌رغیلاندان تاشکه‌نـد گه‌چه ثه‌ره‌وه یولی اون کونلك ایکه‌ن؛ بز چارچامایلق، دیب سیکن - سیکن اون ثککی کونده کیلدك.

- یول لایدر؟ - دیب سورادی مه‌هینه بانو.

- لای ایمه‌س - دیدی آفتاب آیم، - یول جوده یاخشی ایکه‌ن - ثککی یاقدا کومکوك مه‌یسه، قرلاردا لالالار؛ یولنك جوده هه‌م تاماشا وه‌قتی ایکه‌ن. سوز نه‌وبه‌تی اوزبیك آیمغا کیلدی:

- کیلمه‌گه‌نله‌رگزده آتابیکنی اینِدی سیره هه‌م یوبارماسلققا قه‌رار قویغان ایدم - دیدی، - باخودا، اوغلم اوچ یلده‌ن بیری آی ساین مه‌رغیلانغا قاتناب زیرکمه‌دکمی، اینِدی اوله‌ر هه‌م کیلسین ثه‌خر، دیب یولدان توختاتقان ایدم!

کومش آتابیك اسمینی ایشتکه‌چ سیکن گینه کوته‌ریلب قویدی. آفتاب آیم حه‌سه‌نعه‌لیده‌ن هه‌ممه سرنی اور گه‌نب آلغان، شونك اوچون اوزبیك آیمنك داودیره‌شیگه توشندی:

- یوزیمزگه سالماساگز هه‌م جوده اویاتلك بولغانمز! - دیدی.

زه‌ینه‌ب ده‌ستورخان کوته‌رب کردی وه مهمانله‌رگه "خوش کیلبسز" ثه‌یتکه‌نده‌ن سوك ده‌ستورخاننی یازدی، ده‌هلیزده‌ن - آیاداق قولیدان یاسالغان به‌رکه‌شله‌رنی آلار ایکه‌ن بر ثککی قایتا ییر آستیدان کومشکه کوز یوباردی

وه کومشنڭ کوزی هەم اونڭ کیینگی قاراشیدا توقناشب آلدی. بەرکەشلەر قوییلب بولدی، آیباداق توزت چایدش چاینی مس تیکلیکی بیلەن کر گوزب بیردی. زەینەب چایدشلەر یانیغا مهمانلەرگە چای قویش اوچون اولتوردی. اوزبیك آیم چیقب بارغان آیباداقنی توختاتب سورادی:

ــ قەسساب کیلگەنمیکن؟

ــ بایا کیلگەن ایدی. آیملاردان فاتیحه آلب بهرسەڭز قوینی چیقارب بیرەر ایدم.

اوزبیك آیم قوداچاسیغا قارادی:

ــ فاتیحه بیرەسزمی، قودا!

آفتاب آیم ماهیرە آیمغا قارادی:

ــ فاتیحه بیرگز، آیی!

ــ قوی سزگە آتالغان ـ دیدی ماهیرە آیم، ـ فاتیحه بیرش سزنڭ حەققڭز، بز بولساق فاتیحەنی کوب بیرگەنمز..

اوزبیك آیم هەم "سز بیرڭ" دیگەندیك قیلب آفتاب آیمغا ئملەدی. آفتاب آیم اویالنقیراب فاتیحه بیردی. آیباداق چقغاندان کیین دەستورخانغا قارادیلار وه "آلڭ ـ آلڭ" بیلەن بربرلەرینی قستاشا باشلادیلار. باياغیدیك کوبچیلك نڭ کوزی کومشدە ایدی. آینقسا اوزبیك آیم سوقلانب اونگە قارار وه تاماقڤا قستار ایدی:

ــ آل بالام، آل! مین تاماقدان اویالاتورغان کیشینی یامان کورەمەن! آیاکی ایشکدەن کیریشڭدەناق سەنسیرەی باشلاغانم اوچون خەفه بولدڭمی؟

ــ خەفه بولش ایـمەس، سویندم! ـ دیـدی کومش وه دەستورخانـدان چوقـندی.

آفتاب آیم:

ــ سەنسرەشڭز اوچ یلدەن بیری کومشنی بالام، دیب یورگەنڭزنی بزگە آچق آڭلاتدی. آینقسا مین بونڭ اوچون سزدەن مننەتدارمەن!

کەریمه آتن:

ــ کیشی اوز بالاسینی سەنسیرەیدر، بیگانەنی هەم سەنسرەسنچی!

زەينەب:
— مينى هەم چيملدقدان چيقيشم بيلەناق سەنسيرەگەن ايديلەر..
اوزبيك آيم:
— مين ياقن كورگەن كيشمنى سز سيرەى آلمايمەن! - ديب ماختانغان سومان بولب آلدى، - هاى كومش آل، جلله قورنسا ئەنو واراقيدان بر ئيكيته ييى، يورەگلك اوزلغاندر!
كومش عوزر ئەيتدى:
— چارچادم شيكيلك - ديدى، - اشتيهام بوغلغانغا اوخشايدر..
اوزبيك آيم كولدى:
— اشتيهاڭ بوغلغان بولسا چارچاغانڭنيكى ايمەس - ايرڭنى ساغنغانڭنيكى! - ديدى. بردەن هەممە كولب يوباردي‌لار، زەينەب هەم كولگوگە اشتيراك قلدى.. ئەمما كومش يوزيىنى چيتكە اوگرگەن ايدى. احتيمالكى قاين آناسى‌نڭ زەكاوەتيگە ايچيدەن تەحسين اوقور ايدى.
اوزبيك آيم، آفتاب وە ماهيرە قودالارنى دەستورخانغا قستادى:
— آلڭ قودا، سز، ياشلارنى قويا بيرڭ؛ بولەرنى يىگت آسراسا سز بيلەن مينى تاماق آسرايدر!
يەنە كولگى باشلاندى: آفتاب آيم اوزينى توتالماى كولەر ايدى. كومش هەم آچق كولب، كولگى آراسيدا زەينەبكە قاراب آلدى - زەينەب هەم كولەر ايدى..
كولگى باسيلب توشكەندەن كيين زەينەبنڭ يەنگەسى كومشدەن سورادى:
— بيگكڭز بيلەن كورشمەگەنڭزگە قانچا بولدى؟
كومش دەهشەتلەنب آناسيغا قارادى. آفتاب آيم جاواب بيردى:
— اوچ آى شيكيلك..
خوشروى اوزينڭ زالم كوزينى اوينانتدى:
— هە، بولماسا خالەم ئەيتكەنلەريدەك اشتيهاڭز بوغلغانى اوشەنيكى!
— توغرى - توغرى! - ديىشدى خاتنلار.

ــ مین اوزم-بیلەمەن ـ دیدی اوزبیك آیم،ـ جورتتە گە آتابیكنی اوچ آی توختاتب قویدمكو ـ ئەخر!

كومشنك كوڭلیدەن كیچدی: ”آنق بیلەسز، جورتتە گە توختاتدڭز!“

آفتاب آیم كولب جاواب بیردی!

ــ جللە اونیكی بولماسا كیرەك، مەنم هەم اشتیهام بوغلغاندیك.

اوزبیك آیم نك ایسیگە آتابیك توشكەن ایدی:

ــ های، ئەیتكەندەك آتابیكنی كوردڭزمی؟ ــ دیب آفتاب آیمدان سورادی.

ــ یوق!

اوزبیك آیم زەینەبكە قارادی:

ــ تاشقاریدا میكن؟

ــ یوق ایمشلەر.. ـ دیدی زەینەب.

اوزبیك آیم عەجەبلەندی:

ــ بابا آتاڭ هەم سوراغان ایدیلەر.. ـ دیدی، ـ قاياققا كیتكەن ایكەن عەقلسز.. ایرتەلەب سینگە هیچ نەرسە دیمەبمیدی؟

كومش زەینەبنڭ آغزیغا تیكلدی، زەینەب هەم اونگە قاراب آلدی:

ــ ایرتەلەب میندەن اوست تونلەرینی سوراغان ایدیلەر ـ دیدی، ـ مین تونیی بیرب قاياقا بارشلارینی سوراغانمدا ـ برجایدا ایشم بار، دیگەن ایدیلەر!..

زەینەب زمنەن كومشنی چاقب آلدی. كومش لای كەبی بوشاشب آفتاب آیم هەم آغر تارتدی. زەینەبنڭ قارنداشلاری كولگەن سومان بربرلەریگە قاراشب آلدیلار. اوزبیك آیم آرادان اوتكەن سرنی پایقادی: ”بیرەرتە زەرور ئیشی چقغاندر“ ـ دیدی. شو وەقت دەریچەدەن حەسەنعەلی كورندی قولیدا بر میش قیمز كوتەرگەن ایدی دەریچەدەن توروب مهمانلەرنی ”خوش كیلبسز“ قلدی (*) وە قیمزنی اوزاتب آفتاب آیمغا قاراب كولدی:

ــ قیمزنی كویاوڭز سزگە كرگزدی!

---

(*) خاتنلار ئاراسیدا قولدان قاچش یوق ایدی.

آفتاب آيمنڭ هوشى اوزيگه كيلب، كومشنڭ يوزيگه قان يوگردى: ئاناولار بولسا ايندى بولەرنڭ حاليگه توشب بوزرايشديلەر.

قيمز بيلەن ييگٌللەشكەن اوزبيك آيم حەسەنعەليدەن سورادى:

ــ قاچان كيلدى؟

ــ حازر.

ــ قاياققا بوقالغان ايكەن، ئاخماق؟

حەسەنعەلى ئيزاح بيردى:

ــ كيچە حاجى اونگە ايش بويرغان ايكەنلەر. بلمەدم كيچە نيمە بيلەن آوارە بولب خزمەتـــنى اونتكەن وە بوگون ايرتـــەلەب ايسيگە توشب مهمانـــلەر كيلگونچە بارب كيلەرمەن، ديب شونگە كيتكەن ايكەن. بارادرغان جايـــى اوزاغراقدا بولب كيچككەن وە يولدان كيلە تورب بوگوناهيگە ئككى ميش قيمز ئالغان.. هەلى قيمزنى مينگە بيرب: كيرب ئەيتڭ، جودە اوياتلك بولدم، كيچرسنلەر، ديدر! ـ ديدى وە كولدى.

كەريمە آتن:

ــ كيچيرلمەيدر، قيمز اوزى نيمە ديگەن گەپ ـ ديدى.

ئافتاب ئايـم مهمانلەرگە قاراب چقغانـــدان كيين حەسەنعەليگە كولب جاواب بيردى:

ــ اوزيمز جودە چوللەب كيلگەن ايدك، شونڭ اوچون كيچردك!

ــ بەللى ـ بەللى! ـ ديدى حەسەن ـ مين كيچز گەنگٌزنى چيقب ئەيتەمەن.

ــ چيقب ئەيتڭ ـ ديدى ئافتاب ئايم.

ــ سزچى؟ ـ ديب سورادى حەسەنعەلى كومشدەن.

كومش باقاديك قاتب اولتورگەن زەيـــنەبكە قارادى وە اويالـــنقيراب جاواب بيردى:

ــ مين هەم كيچردم..

ــ سزنڭ ئككى باشدان كيچيريشگٌزنى اوزم هەم بـيلەر ايدم! ـ ديدى حەسەنعەلى. بوغاز ـ قيسر اوى ايچينى كولگى باسدى.

كولگيدەن سوڭ اوزبيك ئايم:

— نیکه اوزی کرمه‌دی؟ دیب سورادی.

— قاین ئاتاسی بیله‌ن سوزلاشب اولتوربدر..

حه‌سه‌نعه‌لی کیتکه‌نده‌ن کیین ئوزبیك ئایم ئایاداقغا - قیمزنی مس تاغارغا بوشاتشکه بویردی. قوی سویـیلب تـه‌یيار بولغان ئـیدی. ئوزبیك ئایم قوداچاسینك ره‌عییینی سورادی:

— نیمه بویوراسز؟

— مینده‌ن سوراب اولتورماڭ، مهمانـلـه‌ر نـیمه‌نـی خاهلاسالار بز هـه‌م اوشه‌نگه یارمز.

ئوزبیك ئایم تاماق بویورش اوچون حاولیگه توشدی. زه‌یـنـه‌ب مس تاغاراغا ئاغدارلغان قیمزنی چومچله‌ب کاسه‌له‌رگه قویب مهمانله‌رگه توتدی..

— ٩ —

## حاجی ئیته‌ک سلککه‌ن

توردە قوتیدار، اونڭ یانیدا مه‌حه‌لله‌نڭ ایمامی یونس موحه‌ممه‌د آخوند، یورت ئاغاسی پرنه‌زه‌ر جه‌للاد(*) وه ساتب آلدی آتلغ یـه‌نه بز کیکسه اولتورار ئیدیله‌ر. پرنه‌زه‌ر جه‌للادنڭ یانیدا ئاتابیك وه ساتب ئالدی ئه‌که‌نڭ قاتاریـدا یوسف بیك حاجی ئـیدیله‌ر. ئایاغدا حه‌سه‌نعه‌لی میشده‌ن قـیمز قویار ئـیدی.

سوز تورتـنچی کونی بولب اوتکه‌ن قپچاق قرغیـنی اوستیده کیتب یوسف بیك حاجی بو توغریدا سوزلار ئیدی:

— مین بز خه‌لقنڭ ئادەم بولیشمزدان تـه‌مام اومیدمنی کیسب قویـدم.. ئیسمنی تانیغانمدان بیری عه‌مه‌ل دیمه‌ی، مه‌نسه‌ب دیمه‌ی فه‌قه‌ت شو موسلمانله‌ر مه‌نفه‌غه‌تینی کوزله‌ب کیلب آیاغـیدا اوزیـنی قوشبیگی، مکباشی آلغان اوچ - تورتته مه‌نفه‌عه‌ت په‌ره‌ستله‌رده‌ن گویا یاش بالا که‌بـی آلدانـدم.. اولوله‌مز بولغان کیشی هه‌م شو مه‌نفه‌عه‌ت په‌ره‌ستله‌رنڭ خه‌راب فیکرله‌ریگه

(*) ئلگه‌ریله‌رده جه‌للادلك قیلب حازرده بو که‌سبنی تاشلاغان، ئه‌مما جه‌للاد له‌قه‌بی قالغان.

قولاق بيرب بزديك ئادەملاردەن بو توغريدا بر ئاغز كيكەش سوراشنى اونتدى. حالبوكى موسلمانقولى بەلاسيدەن اونــى نەجاتكە چيقارغوچيلارنڭ بىتتەسى بز ئـيدك. نەتيجەدە ئيرسە سوزى ـ سوز، كيكەشى ـ كيكەش بولغانلار شو اوچ ـ تورتـتە كەللە بوزارلەر بولب بز گە اوخشاغانلارنڭ دەرەجەمز ياش بالاديك آلدانش ئيكەن..

يونس موحەممەد آخوند اونڭ سوزينى بولدى:

ــ اى حاجى! ـ ديــدى، ـ هەممە فەساد اولولئەمردە، ئــەگەر اولولئەمر دورست آدەم بولسا اوچ ـ تورتتە موتەهەمنڭ يامانليغى هيچ قايرغا بارماس وە بونــچە گوناهسز بيچارەنڭ قانــى اورنسز توكلماس ئــيدى. جەنابــى پەيغەمبەرى خودا خەديس شەريفلەريدە ئەيتەدرلەركم. بسم الله الرحمن الرحيم. قال النبى عليه السلام " اذا وسـد الامر الى غير اهله فالنتظر الساعة " يەعنى ئول سەروەرى كائينات مەرحەمەت قيلورلاركم ئەگەر بر قەومنڭ ئيشى نائەهل آدەمغا تاپشيرلغان بولسا بــەس اوشەل قەومنڭ قييامەتينى يــەقين بل يەعنى هەلاكەتــيگە مونــتەزر بول ديب، بــەس بزنڭ كارلەريــمز هەم كوب فورسەتـلەردەن يـيرى نائەهل آدەملارنڭ قولــيغا قالب وە هەر زامان ئول نابەكارلەر بزلەرنڭ باشيمزغا ئەنواعى كولفەتلەرنى سالادرلار. ايلاهى كارى بەدلەرى اوز پاشلارى برلان دەفع بولغاى!

ــ صدق يارسول الله! ـ ديــدى حاجــى وە حەديسنى تــەكرارلـەدى، ـ اذا وسـد الامر الى غير اهله فالنتظر الساعة ـ واى بولسن بز بــەدبــەختلەرنڭ حاليگە! ـ ديدى. بر آز مەئيوسلەنب توختادى وە داملا تەرەفيدەن بولنگەن سوزينى شو گەپلەر بيلەن تەماملادى:

ــ شو كونگەچە بولماغانلارغا بولشماقچى بولب عومرمنڭ نيهايەتيگە ييتب قالدم ـ ديـدى. ساقالينى توتاملادى، ـ بو ساقال شو ايل قايغوسيدا آقاردى، بو كوڭل شو مەنفەعەت پەرەستلەر تەئسيريدە قارايدى. ياشم آلتمش بيشكە ييتب بز وەقت بولسن عيبادەتمنى جەنابى حەققە بيواسيتە يونالترغانمنى وە كوڭل كوزم آچيلب قلغان سەجدەمنى خاترلاى آلمايـمەن. بو آلدانيشم ايرسە حەق تەرەفيدەن بر تەنبيە، بولماغانلارغا بولشماقچى بولغانم اوچون

بر كينايەدر. ئيندى موندەن كيينگى بيش كونلك عومرم دونيا ماجەرالەريدەن ئيتەك سلكب توشەئى آخيرەت تەداريكيني قلماغم اوچون غەنيمەت كورينەدر!

بو سوز مەجلسكە بر مەئيوسييەت بـيردى. كوب وەقت هەممەلەرى سوكوتدە قالديلار. حاجىنڭ گەپى ئاينقسا پرنەزەر ئەكەگە تەئسير قلغان ئيدى. ئول اوز هونەرى روحيدە مولاحەزەسيني سوزلادى:

ــ يامانلارنى بتتە ـ بتتە، تيرب ـ تيرب باش كيسمەسدەن ايـلنى تنچيتش قيين! ـ ديدى.

بو سوزدەن كيين مەجلس حاجىنڭ آغزيغا قاراديلار. حاجى كولب قويدى، بر آزدان كيين:

ــ توغرى ئەيتدڭز جەللاد! ــ ديـدى، ــ بو تەقديردە يانڭزدە اولتورغان بزنڭ اوغولنى هەم كومەكڭزگە چاقيراآلاسز..

هەممە كولب يوباردى. قوتـيدار يير آستيدان آتابيككە كولمسيرەب قارادى. آتابيك دەدەسينڭ كينايەسيگە توشينب قپقيزل لاولا گيديك بولدى. ياخشيكى قوتيدار وە حەسەنعەليدەن باشقا هيچكم بو كينايەگە توشنمەس ئيدى.

پرنەزەر ئەكە جدديچە آتابيككە قارادى:

ــ آتابيك مينگە اوخشاغان جەللاد كينە ايمەس ئەميرى لەشكەر بولاآلادر. سز فاتيحە برسەڭز وە آتابيك ئەمر بيرسە مين خودا حەقى يامانڭ باشينى آلشدان قايتسام! ــ ديدى.

ــ بزنى كەتتەدەن ـ كيچيگيمزنڭ ـ ديدى حاجى، ـ تاپقان، توتقانيمز فەقەت باش آلش.. بز اويلايمز، كى گويا باش آلش بيلەن عالەم تنچيدر وە بز اوز خاهلاغانيمزنى قيلاآلامز. توزك، جەللاد ئەيتكەنديك يامانڭ باشـينى آلماقڤا مين هـەم قارشى ايمەسمەن وە ليكن بونڭ نازك شـەرتلەرى بار: ئەووەلا مەنفەعەتى شەخسييەسيدەن كيچب فەقەت ايل بـەحتى اوچون باش تككەنلەر جەماعەسى كيرەك وە بو جەماعەنڭ اوز مەسلەكى يوليدا كوزەتكەن مەعلوم بر نيشانەسى بولماغى زەرور. ئەنە شوندەن كيين هەلىگى نيشانـەگە قاراب ئنتيلشدە آياغ آستيغا ئيلەشكەن چوب ـ حەسلەرنى سوپـيرە بارش لازم. مەنە شوندە گينە توكلگەن قانلار اورنلك وە مەشروع، بيرلگەن باشلار

چن قوربان حيسابــلانادرلار. بوقسا سزنڭ باش آليشڭز هـهم ئاناولارنڭ قرغينيدان فەرقلك بولالماس! ــ ديـدى وە بر آز توختاب ئالغانـدان كيين ئـەفسوسلەندى، ــ شو ياشغا ييتب بو خەلق آراسـيدا هەليگى جەماعەنـى اوچ ـ تورت نەفەردەن آرتق اوچراتالمادم، ئەفسوس!

يەنە بر مونچە گەپلەر اوتكەندەن كيين هەممەلەرى مەسجدگە چيقب پيشننى اوقب كيرش اوچون قوزغالديلار. ئاتابيك هەم كوبچيلك بيلەن برگە قوزغالغان ايدى حەسەنعەلى اونى توختاتدى:

ــ سز توختاڭز ئاتابيك! ـ ديــدى. كيشيلەر حاولى يوزيـگە توشـكەنـدەن كيين، ـ ئچكەريگە بر كيرب چقماساڭز عــەيب بولادر.. باياغى ئيشڭزنى بولسا زورغا يالغان ـ ياشق بيلەن اولەرنڭ كوڭليدەن چيقاردم!

ئاتابيك نيهايەتدە بوشاشقان حالدە قايتب اورنيگە اولتوردى:

ــ مەيلى بولماسا.. ـ ديدى.

— ١٠ —

## حەسەنعەلى نينگ حيلەسى.

كيشى ئارتقچا قورققاندا گەنگب ئەعزاسى حەرەكەتسز وە ئاغرق حالگە توشادركم ئەلبەتتە بونى بز قاتتغ قورققاندان ديب بيلەمز. دەرحەقيقەت بزنڭ قارشيمزغا يولبارس چقسا بز قاتتغ قورقامز چونكى بزنى اولــم كوتـەدر، انسان اوچون دونيادا اولومدەن قورقنچ نـەرســە يوق. بينائەن عـەلەيهى بز بونـدەگى قورقونى تەبيعى حيسابلايمز. ئەمما قيزيغى شــوندەكم بزنى دونيا بــەحتى كوتكەنـدە، بزگە سەعادەت بــەشارەتى بيرلگەنـدە نيگە بز اولــم كوتكەنــدەگى حالگە توشامز وە عوزوى تــەشــكيلاتيمز (ئورگانيزمەمز) برنچى دەگى حالەتنى كيچيرەدر؟

ئاتابيك هەم حازر شو كيينگى حالەتكە توشكەن ايدى. ايرتـە بيلەندەن باشلانغان بوحالەت حەسەنعەلى نڭ كيينگى سوزى ايــلە تـەمام بر دەهشەت كەسب ايتدى وە هرشسز لەرچە اولتورب قالدى..

حەسەنعەلى، كرگەندەن سوڭ قيليناديغان موعامەلەنى تەعليم بــيردى:

ـــ آناڭز بيلەن زەيـــنەب ئاناوى ماجەرالەرڭزدەن خەبەرسزدرلەر، بونى قاين ئاناڭز بيلەن كيلنگە هەم اوقديرب قويغانمەن.. اولەر بيلەن سوراشب، سوزلاشقانگزدا گويا اوچ آيدان بيرى گينە كورشمەگەنلەرديك بولگز!

ئاتابيك بوزارب ئينتكدى:

ـــ ئول ـ كو آسان.. ـ ديدى.

ـــ قيينى قايسى؟

ـــ شوچاقغاچا توشنمەدگزمى؟

حەسەنعەلى ئاتابيك نڭ يوزيگە اوزاق تيكيلب قالدى..

ـــ بيگت ايمەسميسز، اى بەرەكەللە!

ـــ بيگتلك بيلەن يورەكنى توختاتش..

حەسەنعەلى هەم اويلاب قالدى. دەرحەقيقەت آتابيك نڭ حازرگى حالى نازك ايدى. حەسەنعەلى بر نيچە قايتا باش قاشينب وەساقال توتاملاب اويلاندى نيهايەت اوزيچە كولندى:

ـــ توختاڭ بولماسا ـ ديدى، ـ مين بر ئيش قيلايكى..

ـــ نيمە ئيش قلماقچيسز؟

ـــ سز حازر سوراماڭ، ئەمما شو دەقيقادان باشلاب اختييارڭزنى مينگە تاپشيرڭ!

آتابيك كوچلەنب كولدى:

ـــ نيمە ئەخر؟ ـ ديب يەنە سورادى.

ـــ سوراماڭ! ـ ديـــدى حەسەنعەلى، ـ سز تـــنچكينە تـــەهارەتڭزنى آلب نامازڭزنى اوقوى بيرڭ!

حەسەنعەلى شو سوزنى ئەيتب مهمانخانەدەن چقدى. ئاتابيك حەسەنعەلى تەرەفيدەن تەسحير ايتلگەنديك تورب تەهارەت آلدى وە مهمانخانەگە كيرب ناماز باشـــلادى.. آرادان يارم ساعـــەت چاماســـى وەقت اوتكەن ايـــدى حەسەنعەلى ئچكەريـــدەن چيقب كيلدى. آتابيك ايسە هەنوز روكوعـــدە، سوجوددە ايدى..

ـــ اوقب بولمادڭزمى؟ ـ ديب سورادى دەريچەدەن.

آتابیك یانیغا ســەلام بیرمەسدەن اونگە قارادی. بوحالگە حەسەنعەلینئ کولگوسی قستاب کیلسە هەم اوزینی زورغا توختاتتی:
ــ قانی، مین بیلەن یورئ!
ــ قایاققا یورامەن؟
ــ ئچکەریگە.
ــ تاغنمی؟
حەسەنعەلی کولدی:
ــ ایــندی کرســەڭز برمەرتــەبــە بولادر! ـ دیــدی، ـ ســز.. حازر اورتا یولەکدەن سیکن گینە مەنم اویمگە کیرەسز.. خاتــنلار ناماز اوقب یاتبدرلار، سزنـی هیچکم کورمەیــدر. سز کرگەنــدەن ـکیین مین ایشکنی اوســتگزدەن یاپب آلامەن ـ دە بر آزدان سوڭ آلدڭزغا کیلن نڭ یالغز اوزینی کرگوزەمەن.. توزکمی؟
ــ توزك..
ــ قانی تورڭ تیزراق!
آتابیك توردی. اوچراششکە هەلی ئەنچە گینە وەقت بار، شوناڭ اوچون اوناڭ یورەگی تنچ سومان ایــدی. اورتا یولەککە کردیلەر. آلدندا بارغان حەسەنعەلی توختادی وە اوینڭ ایشیگینی کورسەتب "اوتڭ!" ـ دیدی. ئاتابیك اوناڭ ئــەیتکەنیچە قیلب اوزینی اویگە آلـدی. حەسەنعەلی ئاتابیكنی اویگە کرگزگەندەن سوڭ کیلب ایشکنی قــییاراق رەوشدە یاپدی وە دەریچەنی نــەریگی اویــدەن قاراغانـدا کیشی کورنمەسلك قیلب قیــیغاچ آچــدی. شونـدەن کیین ئول اوزیچە نیمەگەدر کولمسیرەب خاتنلار آلدیغا کیتدی.
آتابیك کرگوزلگەن حەسەنعەلینئ اویی آیباداق آنا تەرەفیدەن تازە غینا ییغشدیریلب اورتا حاللك کیشیلەرنڭ اویدیك ئەسـباب، جیهازلەر بــیلەن زیـنەتلەنگەن ایـدی. دیوارلەر گەنچلەنگەن، شیپلەر سرلەنگەن، آیاغ آستی ئــەلوان گوللك کییز بیلەن توشەلگەن وە تاحماندە کورپەلەر، اورتو آسلغان ایــدی. آتابیك کەفشینی دەهلیزگە ییشدی ـ دە اوی بوینچە بر ئککی قایتا یورنــدی وە ئینتیکب نەفەس آلــدی. شو وەقت تاحمانغا آسلغان اورتو

اوز ـ اوزيدەن قيمرلاغانديك بولدى. بوقيمرلاشنى آتابيك پايقادى. ھەليگى قيمرلاغان اورتو بردەن آچيلب كيتب آتابيك سوچيدى... برەو تاخماتدان اونگە قاراب كولمسيرەر ئيدى. آتابيك تترەر ايدى... بر آزدان سوك ئككيسى ھەم اوزلەريني بر مونچە توختاتديلار ـ دە بربرلەريگە تامان يوريشب كيلديلەر وە سوز سز غينا قوچاقلاشديلار.... ئاتابيك سونبول ئيسلك ساچلاردان روح آلار، كومش گويا اونك باغريغا سككب كيتكەن ئيدى. بوحال بر دەقيقا چاماسى داوم ايتكەندەن كيين بر آز آجرالشقان كويى اوينك آياغيغا يورب بارديلار وە تيزە بەتيزە اولتورديلەر.. بريسى ھەم سوزلاى آلماس فەقەت تيرموليشار ايديلەر.. نيچە دەقيقاغاچا شو حالەتدە بولديلار. نيھايەت كومش كولگى آرالاش كوزيگە ياش آلدى:

— سز.. قاچقاقسز! ـ ديدى.

— سز..

— مين؟

— سز قوولاقسز!

— عەجەب قيلامەن! ـ ديدى كومش وە شاپالاغى بيلەن ايرينك يوزيگە سيكن گينە اورب قويدى.

— بو ياققا ھەم..

— او ياققا زەينەب اورسن!

— زەينەبنك.. اورشكە حەققى يوق!

كومشنك كوزيدە ھەليگەچە كورلمەگەن بر شادلق اوينادى:

— توغرى ئەيتەسزمى؟

— توغرى ئەيتەمەن!

— مەنە بولماسا! ـ ديدى كومش. آتابيكنك ئككنچى يوزينى ھەم سيلەگەنديك قيلب قويدى. يەنە كولمسيرەشب، تيرموليشب قالديلار...

— برەونك غەميدە كويب قەريدم! ـ ديدى كومش.

— بيكار ئەيتەسز.. ميني ئەيتسەگز ـ توغرى!

[illegible] (*)

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

— [illegible] —

— [illegible]

[illegible]

— [illegible] —

[illegible]:

— [illegible] —

— [illegible]

— [illegible]

[illegible]:

— [illegible]

[illegible]:

[illegible]

— [illegible] —

[illegible]:

— [illegible]

— [illegible]

— [illegible]

— [illegible]

— [illegible]

— [illegible] (*)

وه حەسەنعەلیگە ئلگەریگیدەن هەم قویوقراق اوزیدە موحەببەت سیزدی. شو دەقیقادان باشلاب کیچیرەدرگەن مەسعود کونلەرینی تەسەووردەن عاجز وه زەینەب توغریسیدا اویلاب هەم قاراماس، باشقا گەپ ایسیگە ـ دە کیلمەس ایــدی. آرادان کومشنڭ اویگە کیرب آلیشی فورسەت اوتکەندەن کیین اویدەن چقدی وه پەرواسزچە مهمانلار اولترگەن اویگە باردی. اونڭ کیلیشینی اوز اویدەن کورگەن زەیــنەب یوگرگەنچە آتابیك آرقاسیدەن مهمانلەر آلدیغا کردی.. اویدە گیلەر ئاتابیكنی کورش ایله اورنلەریدەن تورغانلار فەقەت اوزبیك آیم "حەپ" ایتکەنچە اولتورار ایدی. آتابیك ئافتاب ئایم بیلەن کورشدی.. آفتاب آیم اونی قوچاقلاب یوزیدەن اوپدی وه کوزیگە یاش آلدی.. سوڅره کچکینه قاین ئاناسی بیلەن، زەینەبنڭ ئاپاسی وه باشقالار بیلەن سوراشب چقدی وه کولمسیرەگەن حالدە کومشکە "ایسانمیسز.." دیب قویــدی. کومش هەم "شوکر" دیب کولدی. سوراشش تەمام بولغاندان کیین اولتورشدیلەر. ئاتابیك ئاناسینڭ یانیغا، زەینەب اونڭ یانیغا اولتوردیلەر. کومش زەیــنەبــنڭ بو قیلیغیغا غیجینب بر ئککی قایــتا ییر آســتیدان اونگە کوز یوباردی.

فاتیحە اوقولب کویاو قاین ئاناغا عوزر ئەیتدی:

ــ ئەووەلا سزلەر کیلگونــچە قایتارمەن، دیب ایرتـەلەب برگوناه قلدم. اوندەن کیین مهمانخانەدان قوزغالالمای ئککنچی اویاتکە قالدم..

آفتاب آیم:

ــ بالامزنیکینی عەیبی یوق!

اوزبیك آیم:

ــ قیمز کرگوزب قاین آناڅنڭ ئاغزینی هوللاماغانڭدا نەخ بەلاغــە قالب ایدڭ، بالام!

کولشدیلەر. کەریمە آتن:

ــ کومش آی بولسا، ســین ایرمنی یاشــرغانسەن، دیب زەیــنەبــنڭ ئیڅکە ـ تیڅکەسینی چیقاردی.

یەنە کولگو بربریگە ئیلەشدی. زەینەپنڭ بایاغی ایشیگە کومشنڭ غەشی

کیلگەنینی ئەیتلمەسە حازر ئول هەم جودە آچلغان، کولەر وە ییر آستیدان آتابیککە کوز قرینی تاشلار، زەینەب بولسا کومشنی تەعقیب ایتەر ایدی مەجلسکە بر آز جمجتلك کرگەنـدەن سوك آتابیك هەم اوز تامانـیدان بر کولگو توقوماقچی بولب زەینەب بیلەن کومشکە قاراب آلدی:

ــ مین بر ایشکە حەیرانمەن! ــ دیدی.

ــ نیمە گە؟ ــ دیب سورادی ماهیرە آیم.

ــ نیگە زەینەب سیمزو کومش ئازغن؟!

اوزبیك آیم جاوابلاندی:

ــ بونك حکمەتـینـی میندەن سورا، بالام! ــ دیـدی، ــ کومیشك اوزگگە اوخشاش سیر فیکر کورینەدر، زەینەب بولسا مینگە اوخشاش قووناق!

آتابیكنی اوزیگە اوخشاتقانی اوچون کومش قاین ئاناسیدەن رازی بولـدی. ئـەمما زەیـنەب اوزیـنی ئاتابیکدەن چیتکە قاقـقانـی اوچون اوزبیك آیمغا غیجندی.

اوزبیك آیمنك بو فکریگە کەریمە آتن قارشی توشدی:

— ياڭلشدڭز، آيــى! - ديــدى، - بونــده گى فەرقنى يوسف - زولەيخا قسسەلارينى اوقوغان كيشى بيلەدر.. اوچ آى ديگەن فورسەت ئازغينا وەقت ايمەس؛ كومش خانمنڭ ئازغانى ساغينش‌نيكى!

كەريمە آتن قاش قويامەن، ديب كوز چيقارا يازدى. يەعنى آتابيك بيلەن كومشنى يوسف - زولەيخا گە اوخشاتب زەينەب وە قارنداشلارينى اوت ايچيگە تاشلاغان ايدى.

— اوزبيك آيــمنيكى توغرى - ديــدى ماهيره آيم، - زەيــنەب قووناق، كومش نيسە مەنم كوزمگە هەم سير فيكرگە اوخشاب كورينەدرلەر..

— توغرى - توغرى! - ديدى خوشروى.

كومش بيلەن آفتاب آيــم آرادان كيچكەن سرگە توشــينب جــم اولتورار ايديلەر. كومش پير آستيدان ئاتابيككە ريزاسزچە كوز تاشلادى.

— توختاڭلارچى - ديدى ئاتابيك. هەممە اونگە قاراديلار، - هيچ قايسيلارڭز هەم تاپالمادڭز!

ــ تاپالماغان بولساق اوزگر ئەيتىڭ! ـ دیدی شەرافەت چیوەر.

ــ اوزلەرگز تاپالماغاندان کیین مین ئەیتب نیمه قیلای؟

ــ مین تاپدم، خاخ شایتان! ـ دیــدی کەریـــمه آتن، ـ قزل گولنگ هەم اوز آلدیغا آق گولنگ هەم اوز آلدیغا ئیسی بار، دیمەکچی!

هەممه بردەن کولیشب:

ــ خودده ـ خودده! ـ دییشدیلەر.

آتابیك کولب اورنیدەن توردی وه "تاپالمادگز ـ تاپالمادگز" دیگەنچه اویدەن چقدی. کومش بیلەن آفتاب آیمنگ کوگللەری بردیك بولسا هەم بوکەشفدەن کیین زەینەب بیلەن ماهیره آیم ئەنچه ییگللەشدیلەر. بو قیچو آرقاسیدان مهمانلەرگه قویق ـ سویق بیرلدی.

## ــ ۱۱ ــ

## کومش نینگ سوز اویونی.

شامگه یاقن مهمانــلار تارقالشدیــلار. مهمانخانەدا حاجی، قوتــیدار، حەسەنعەلی وه آتابیك قالغان ایدیلەر.

ئچکەریــده اوزبیك آیـم مهمانلارنـــی کوزەتب بولب کومش بیلەن آناسیدان هوپپەك آلار ایدی:

ــ مین سزلەردەن جوده خەفه بولغان ایدم. سزلەرنی چورك لەتته گه توگب، تاقچاغا تاشلاش دەرەجەسیگه ییتکەن ایدم. ناهاتکی اوچ یل بولسا ـ یو ـ بربولی اوز بلگولەرگزچه کیلمەسەلەرگز، اوغلم بیچاره آی اوتماســدان بوزچینگ ماککیسیدیك قاتناب تورسا.. ئــەخر مەنم هەم اوزمگه یاراشا آبروم بار، تاشکەندده کمسەن، یوسف بیك حاجی دیگەننگ کوچیمەن، خودا یار خان هەم بر کون کیچەسی کیلب بزگه مهمان بولدیلار.. قوشبیگی‌نگ اوی ئچلەری بولسا بر ئیشنی مەنم کیگەشمسز قلمایدرلار... شونچه ئابرو کورگەن بر کیشی کیلب ـ کیلب ناهاتکی اوز قوداسیدان وه کیلینیدەن مونچەلك ئابروســزلك کورسه.. شەهەردەگی کەتتەدەن کیچك ایرتـه ـ یو کیچ قولاق، میيەمنی بیدر، کی های، مەرغیلانلق کیلینگز کیلدیلەرمی، نیگه شونداغ کیلینگز بولاتورب

مەرغیلانغا تاشلاب قویبسز؟ - مین بولسام هیچ سوز تاپالماغانمدان ئەیتەمەن: کیلینمنڭ آناسی کەسەل ایمش.بە ئککنچی واقتدا: کیلینم بیچارە موگلوغ.. دییمەن. ایندی کورسەم ملتقنڭ اوقیدیك، پوشتی گولنڭ توقیدیك. کیلینم بار ایـــکەن.. مین بو ئـــەدەبسزگە تاغـــن اوزم اولتورگەن اویـــمنی بوشاتب بیربمەن ـــ ئـــە! ـــ دیر ایدی.

اوزبیك آیمنڭ دەلی - غولی لیغیدان آفتاب آیم وە کومش اونگە جودە اوزلەشب آلغانلار، اونڭ سوزیگە گاه کولب گاه عوزر ئەیتەر ایدیلەر. حازر اویدە آتابیك بولماغانی اوچونمی، نیمەدەن بولسا هەم هەر نوچوك زەیـــنەب اوز اویـــیدە ئویمەلەنیشب یاتار وە مهمانلارنی اوزبیك آیـــمنڭ تەنها اوزیگە تاشلاغان ایدی.

تاقچالارغا شەمعلەر یاقیلب وەقت خوفتەنگە یاقنلاشب قالغاندان سوڭ اویگە آتابیك کردی. ئول کرگەندەن کیین آفتاب آیم بیلەن اوزبیك آیم اولەر آلدیدا اولتورشنی ایب بلمەدیلەر - دە سزلەشش اوچون باشقا اویگە چیقب کیـــتدیـــلەر. اولەرنڭ چیقب کیتـــیشینی کوتب تورغانـــدیك قولیغا بر چایـــدش چای کوتـــەرگەنی حالـــدە زەیـــنەب کردی وە آتابیکدەن چای ایچب، ئچمەسینی سورادی... آتابیك ئچمەیمەن، دیب جاواب بیرگەن ایدی کومش آراغا توشدی.

ـــ مین ایچەمەن، اوزگن هەم اولتورك!

زەیـــنەب اونچە قستاتمادی، اولتورب کومشکە چای قویب بیرە باشلادی. کومش اونی سوزگە سالب سورادی:

ـــ مەنم بەلا قەزادیك ییتب کیلیشم اوچون خەفە بولغاندرسز؟

زەینەب آتابیککە قاراب آلدی:

ـــ نیگە خەفە بولای! - دیـــدی، - سز کیلمەگەنگزدە هەم اوزلەری یارار ایدیلەر..

ـــ بارماس ایدیلەر! - دیدی کومش، - مین بیلەن اوریشب کیلگەن ایدیلەر..

آتابیك کومشکە ییر آســتیدان کولب قارادی، کومش هەم کولب جاواب بیردی:

— شو كيشى برەو بيلەن اوريشەدرلەرمى؟ - ديدى زەينەب، - ئككى يلدەن بيرى مينگە بر آغز قاتتغ سوز ئەيتكەنلەرينى بلمەيمەن.
— توغرى ئەيتەسز - ديدى كومش، بو كيشى ايمەس، مين اورشكەن ايدم.. بو كيشيدە سيرە گوناه يوق وە ئەرەزيمز گە بر تونغز سەبەبچى بولغان ايدى!
— كم بەلا ايكەن ئول؟ - ديدى زەينەب.
